ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# خەلقنى خاتىرجەم قىلىدىغان، رازى قىلىدىغان ياخشى قۇرۇلۇش لايىھەلەپ چىقىش

## ــ جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتىنىڭ پەخرىي باشلىقى ۋاڭ شياۋدۇڭ توغرىسىدا

يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

□مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ

«مېنىڭ ئەسلى مەقسىتىم بىر ياخشى ئارخىتېكتور بولۇش، شىنجاڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى قۇرۇلۇش لايىھەلەپ بېرەلىسەم، بىر ئۆمۈر ئارمانىم قالمايدۇ.» بۇ جۇڭگو ئىنژېنېرلىق ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتىنىڭ پەخرىي باشلىقى ۋاڭ شياۋدۇڭ دائىم ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆز.

1963 ـ يىلى، ۋاڭ شياۋدۇڭ شىئەن مېتاللورگىيە بىناكارلىق شۆيۈەنى(ھازىرقى شىئەن بىناكارلىق پەن ـ تېخنىكا داشۆسى)نىڭ بىناكارلىق ئىلمى كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، بىرىنچى ئارزۇسىغا شىنجاڭغا كېلىپ بىناكارلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تىزىملاتتى. بۈگۈنگە قەدەر، ۋاڭ شياۋدۇڭ قۇرۇلۇش لايىھەلەش ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە يەنىلا تىرىشىپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيەگە كىرگەن چاغدىكى جاراڭلىق قەسىمىنى شەرھلىدى.

### ■شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەش

شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش لايىھەلەش تەتقىقات ساھەسىگە كىرگەندىن كېيىن، ۋاڭ شياۋدۇڭ ئەسەرلىرىدە باشتىن ـ ئاخىر «قۇرۇلۇش مەدەنىيىتى» توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

1989 ـ يىلى، ۋاڭ شياۋدۇڭ كۇچا ناھىيەسى كۇسەن مېھمانخانىسىنى لايىھەلەشكە باشلىدى. كۇسەن مېھمانخانىسىنىڭ بوشلۇق ۋە تەكشىلىك ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىدا، ۋاڭ شياۋدۇڭ شۇ جاينىڭ خاسلىقىنى ئۆرنەك قىلىپ، ھويلا ـ ئاران شەكلىدىكى ئاساسىي قۇرۇلمىنى مېھمانخانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىدا قوللاندى، يەنە ئۈزۈم بارىڭى تېگىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل مەيدانىنى لايىھەلىدى. «بۇنىڭدا ھەم قۇرغاق ئىسسىق كىلىماتلىق رايوننىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈش ۋە تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ، يەنە شۇ جاينىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادىتىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ» دېدى ۋاڭ شياۋدۇڭ.

شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازارنىڭ لايىھەسىدە، مول مەدەنىيەت مەنبەسى ئالدىدا، ۋاڭ شياۋدۇڭ «ئېلىش پىرىنسىپى»نى قوللىنىپ «شىنجاڭ»نى يادرولۇق ئېلېمېنت قىلىپ تۇرۇپ تاللىدى، يېرىم چەمبەر شەكىللىك ئەگمە، ئەگمە ئۆگزە، تەكشى ئۈچلۈق ئەگمىلەرنى كۆپ مىقداردا تەكرار ئىشلەتتى، شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىقىدىكى سىرتقى تام ھۈنەر ـ سەنئىتى خىش نەقىشى قاتارلىقلارنى ئىشلەتتى. 2003 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار پۈتۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشى بولۇپ قالدى.

### ■قەشقەر كونا شەھەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆزگەرتىش

50 نەچچە يىلدىن بۇيان، ۋاڭ شياۋدۇڭ رىياسەتچىلىك قىلىپ لايىھەلىگەن تۈرلەر سان ـ ساناقسىز، بۇنىڭ ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغىنى ئېنىقكى قەشقەر كونا شەھەرنى ئۆزگەرتىش.

قەشقەر كونا شەھەردىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى كېسەك ئىمارەتلەر، رېمونت قىلىنمىغىنىغا ئۇزاق يىللار بولغان بولۇپ، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. 2008 ـ يىلى، ۋاڭ شياۋدۇڭ تەكلىپكە بىنائەن قەشقەر كونا شەھەردە ئالدىنقى باسقۇچلۇق دەلىللەش ئېلىپ بېرىپ، قەشقەر كوناشەھەر رايونى ئارا كوچىسى ـ خوجاگۈزەر كوچىسىنى قوغداپ ئۆزگەرتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى باشلىدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ۋاڭ شياۋدۇڭ «ئادەمگە ھۆرمەت قىلىش، جەمئىيەتكە ھۆرمەت قىلىش، تارىخقا ھۆرمەت قىلىش، مۇھىتقا ھۆرمەت قىلىش»تەك ئۆزگەرتىش تەپەككۇر يولىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، يېڭى رېمونت قىلىنغان ئۆيلەرنىڭ يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش دەرىجىسىنى 8.5 بال بىخەتەرلىك تەلىپىگە يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، ئەسلى تۇرالغۇنىڭ قىياپىتىنى ساقلاپ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆز جايىغا قايتىپ كۆچۈشىنى ئاساس قىلدى، ئولتۇراقلۇق ئائىلىلەر لايىھەلەشكە قاتناشتى.

«قەشقەر كونا شەھەر رايونى ئارا كوچىسى ـ خوجاگۈزەر كوچىسىنى ئۆزگەرتىش» تۈرى 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو بىناكارلىق تاراتقۇ مۇكاپاتى تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى ئالاھىدە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، تەشكىللىي كومىتېتنىڭ ھۆكۈمەت تور بېكىتىدە ئېلان قىلىنغان مۇكاپاتلاش سەۋەبى: قەشقەر كونا شەھەر رايونى ئارا كوچىسى ـ خوجاگۈزەر كوچىسىنى ئۆزگەرتىشتە ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت ئىش، ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈستىگە ئېلىۋېلىشتەك ئادەتلەنگەن ئۇسۇل بۇزۇپ تاشلىنىپ، ھەربىر ئائىلىلىك ئاھالە لايىھەلەشكە قاتناشتۇرۇلۇپ، ئاھالىلەرنىڭ مول تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئارزۇسى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلغان. لايىھەلەشتە كونا تۇرالغۇلارنىڭ يەر تەۋرەشكە چىداملىق بولۇش، ئىقتىدار قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئېھتىياجى قاندۇرۇلۇش بىلەن بىللە، كونا شەھەر رايونىنىڭ قىياپىتى ناھايىتى ياخشى ساقلاپ قېلىنغان.

### ■ئىجادىيەت يۆنىلىشى ئۈستىدە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش

ۋاڭ شياۋدۇڭ قۇرۇلۇش ئىجادىيىتىدە باشتىن ـ ئاخىر رايون مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇردى، بۇ خىل چىڭ تۇرۇش ئۇنىڭ كەسپ ساھەسىدە ئېتىراپقا ئېرىشىشىدىكى ئاچقۇچ بولۇپ قالدى.

1999 ـ يىلى، ۋاڭ شياۋدۇڭ شىنجاڭ قۇرۇلۇش لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقلىق ئورنىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىشخانىسىنى قۇرۇپ، داۋاملىق قۇرۇلۇش ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ خۇگسەن تەنتەربىيە سارىيى، شىنجاڭ مۇزېيى قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى لايىھەلىدى ھەم خەلقئارا ئارخىتېكتورلار جەمئىيىتى بەرگەن «روبېرت ماتخېۋ مۇكاپاتى» (ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاش مۇكاپاتى)، دۆلىتىمىزدىكى ئارخىتېكتورلارنىڭ ئەڭ ئالىي شەرەپ مۇكاپاتى ــ لياڭ سىچېڭ قۇرۇلۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ شياۋدۇڭ بۇلاردىن قانائەتلىنىپ قالمىدى، ئۇ ياخشى ئەسەرلەرنى لايىھەلەشكە تېخىمۇ كۆڭۈل قويدى.

كەسپ ساھەسىدە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىجادىيىتىگە بولغان دىققەت يۇقىرى پەللىگە چىقىش بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىجادىيىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش، بەلگىنى قوللىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان يېڭى تاقەتسىزلىك ۋە ئۈمىد پەيدا بولدى. ۋاڭ شياۋدۇڭنىڭ قارىشىچە، بۇ ھالقىش ئىنتايىن قىيىن بولغان يۇقىرى پەللە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بەل قويۇۋەتمىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ۋاڭ شياۋدۇڭ ئەسەرلىرىدە بەلگىلەشتۈرۈشنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچەپ، ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش گېنىدىن پايدىلىنىپ ئۆزگەرتىش قىلدى. مەسىلەن: ئىلى چوڭ تىياتىرخانىسى تۈرىدە، ئۇ، يەرلىكنىڭ مەدەنىيەت قارىشى، ئېستېتىك قىزىقىشى، ئادىمىيەت ئۆرپ ـ ئادىتىنى ھەر خىل قۇرۇلۇش تىلى ئارقىلىق مەركەزلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلدى. قۇرۇلۇش ئەسىرىدە، ئۇ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئېپسىل ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش تىلى ۋە بوشلۇق تۈزۈلۈش پرىنسىپى بويىچە، بەلگىنى ئەڭ ئاز ئىشلىتىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، قۇرۇلۇش تىپىنىڭ سېھرىي كۈچىنى جارى قىلدۇردى.

گەرچە مول تەجرىبە توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش، بۆسۈش ھاسىل قىلىش ھېلىھەم ۋاڭ شياۋدۇڭنىڭ بوشاشماي ئىزدىنىش نىشانىدۇر.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، چېن چۈەنگو قومۇل شەھىرىنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ قومۇلنى شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئېشىش قۇتۇپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا دائىر خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «1+3+3+ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئېنېرگىيە بايلىقىغا دائىر خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، يىرىك پىلان ئارقىلىق يېتەكلەش، تەرتىپلىك ئېچىش، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ئايلانما تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئېنېرگىيە بايلىقى ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. تۈر قۇرۇلۇشىغا دائىر خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ «مۇھىم تۇتقىسى»نى چىڭ تۇتۇپ، تۈر ئارقىلىق تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىش، تەرەققىياتقا تىرەك بولۇش، تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يول ئىقتىسادىغا دائىر خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، قۇرۇقلۇق پورتى تىپىدىكى ئەشيا ئوبوروت تۈگۈنى قۇرۇشنى تۇتقا قىلىپ، «ئىقتىساد يولى»نى «يول ئىقتىسادى»غا ئۆزگەرتىش كېرەك. ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، ساياھەتچىلىكنى ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئاممىنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان، خەلقنى بېيىتىش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش كەسپىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. سۇ بايلىقىغا دائىر خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، ئەڭ قاتتىق بولغان سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە دەريا، كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇنى ئىلمىي تىزگىنلەپ، سۇنى بىرتۇتاش پىلانلاپ باشقۇرۇپ، سۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، يىرىك شەكىلدىكى سۇ ئىشلىتىش شەكلىدىن سۇنى تېجەپلىك تېجەپ ئىشلىتىش شەكلىگە بۇرۇلۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە دائىر خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، دېگەن ئىدىيەنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئۇنىۋېرسال تۈزەش، مەنبەدىن تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى قىلىش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشقا دائىر خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، يېڭىلىق يارىتىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىسلاھاتتىن ھاياتىي كۈچ ئېلىش، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئېلىش، ئۈنۈم ئېلىش كېرەك. تىجارەت ـ سودا مۇھىتىغا دائىر خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، ھەقىقىي تۈردە ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ بازار سۇبيېكتلىرى ئۈچۈن باغلاقنى بوشىتىپ يول ئېچىش، كارخانىلار ئۈچۈن يۈكنى يېنىكلىتىپ پايدا يەتكۈزۈش كېرەك. مۇقىملىقنى قوغداشقا دائىر خىزمەتلەرنى كۈچەپ ياخشى ئىشلەپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە زېھنىي كۈچنى دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈشكە، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، خىزمەت ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىپ، ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى كۈچلۈك قۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، مىخ قېقىش روھى ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىي، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر ئارقىلىق يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

جاۋ جۈجيۇ، ۋەن خېيچۈەن قاتارلىقلار بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئالتە تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭ ئىچىدە، بىر سائەت داۋاملىشىدىغان ھەربىي پارات مانېۋىرىدا نۇقتىلىق ھالدا ھەربىي پارات شەكلىدىكى، كۆرەك شەكلىدىكى مانېۋىر ئۆتكۈزۈلگەن. ئامما نامايىشى مانېۋىرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يىغىلىش ـ تارقىلىش، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە يۈرۈش قىلىش ھەمدە بىرلەشمە ھەربىي ئوركېستىر، خور ئۆمىكى بىلەن ماسلىشىش، ھەربىي پارات چاسا ئەترىتى، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە جىپسىلاشتۇرۇش بولغان. بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە باش تېما ئويۇنى ۋە مەركىزىي بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى مانېۋىر قىلىنغان بولۇپ، ئويۇن قويغۇچىلار مەيدان بىلەن پىششىق تونۇشقان، پوجاڭزا ئېتىش كونترول سىستېمىسى نەق مەيداندا سىناق قىلىنغان.

بۇ قېتىمقى مانېۋىردا تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ پۈتۈن تەرتىپى، يادرولۇق مۇھىم ئامىللارنىڭ ئىچكى قىسمىدا جىپسىلىشىشى نۇقتىلىق ماسلاشتۇرۇلۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تەشكىللەش كاپالىتى ۋە قوماندانلىقنىڭ يۈرۈشۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ كۆرۈلدى، مانېۋىرنىڭ ۋاقتى دەل، تەشكىللەش تەرتىپلىك بولۇپ، كۆزلىگەن نىشانغا يەتكەن. بېيجىڭ شەھىرىدىكى ئالاقىدار تەرەپلەر مۇنداق بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى كېچىلىك مانېۋىر پائالىيىتى كەڭ شەھەر ئاھالىلىرى، ئاممىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى، ئۇلارغا ئالاھىدە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز.

---

# ئەركىن سودا رايونى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنىڭ 102 تۈرلۈك تەجرىبىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەمەلىيلەشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىر يەككە كەسپىي رايوندىن چىقىرىشتىن تارتىپ چېگرادىن چىقارغىچە، پۈتۈن جەرياندا تۆت ـ بەش سائەتكىچە مەشغۇلات قىلىپ بېجىرىشكە توغرا كېلەتتى. ھازىر خەلقئارا سودا يەككە كۆزنىكىدە ئىلتىماس قىلىدىغان بولدۇق، پۈتۈن مۇساپىنى قەغەزسىزلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلغاچقا، پەقەت بىر سائەتتىلا بېجىرىپ بولغىلى بولىدۇ. جاڭ شەنگۋاڭ مۇخبىرغا مۇنداق ھېسابات قىلىپ بەردى: پەقەت بۇلتۇر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان تۈرلۈك تالون ـ ئىسپاتلارنىڭ خىراجىتىلا 30 ـ 20 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، ئادەم كۈچى مائاشى، ۋاقىت تەننەرخى ھەمدە يۆلەك ئاپتوموبىللىرىنىڭ تۈرلۈك خىراجەتلىرى قاتارلىقلار تېخى بۇنىڭ سىرتىدا.

2018 ـ يىلى ئاپتونوم رايون «پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونلاردا دېڭىز بويىدىكى ئەركىن سودا سىناق رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەجرىبىلىرىنى كۆپەيتىپ كېڭەيتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايون قاتارلىق نۇقتىلىق رايونلاردا دېڭىز بويىدىكى ئەركىن سودا سىناق رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللىرىنى كۆپەيتىپ كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئىلغار قائىدىلەرگە توغرىلىنىپ، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئالاتاۋ پورتى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى، جۇڭگو ـ قازاقىستان قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزى ۋە جۇڭگو تەرەپ يۆرۈشلەشكەن رايونى قاتارلىق نۇقتىلىق رايونلارغا تېخىمۇ زور ئىسلاھاتتا ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىپ، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئۈرۈمچى تاموژنىسىغا قاراشلىق ئۈرۈمچى ـ سانجى تاموژنىسى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش 3 ـ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى سۇڭ ۋېي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ بىرنەچچە يىلدا، ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى باغچە رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەركىن سودا رايونىنىڭ تاموژنىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتىكى كۆپ تۈركۈم يېڭىلىق يارىتىش تەجرىبىلىرىنى كۆپەيتىپ كېڭەيتتى، بۇ «ئاۋۋال رايوندىن چىقىرىپ، ئاندىن تاموژنىغا مەلۇم قىلىش»، «كارخانا ئىناۋىتىنى باشقۇرۇش» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېيىنكى قەدەمدە، يەنە ئالاقىدار مېخانىزملار داۋاملىق ئىزدىنىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەسلىدىكى مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرىنىڭ پۈتۈن جەرياندىكى ئىلتىماس قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنىڭ ھەممىسىنى ئېلېكترونلاشتۇرۇشقا ئۆزگەرتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى مەخسۇس «سالاھىيەتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا خەۋەرلەندۈرۈش ــ ۋەدە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، قۇرۇلۇش تۈرىدىكى كارخانىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مۇھىم ھۆججەتلىرىدە مۇشۇ تارماقنىڭ ئۆز ئۇچۇرىدىن ھەمبەھىرلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى بىۋاستە سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن ئېلىپ، سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن ئېلىشقا ئامال بولمىغان شەخسىي سالاھىيەت ئىسپاتى، ئۇنۋان ئىسپاتى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئىسپاتى، ئوقۇش تارىخى ئىسپاتى ۋە كەسپىي نەتىجە ئىسپاتى قاتارلىقلاردا ئومۇميۈزلۈك ۋەدە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ، ئىلتىماس قىلغۇچى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىغا يازمىچە ۋەدە بېرىدۇ، تەكشۈرۈپ تەستىقلىغۇچى تارماق ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن بىۋاستە مەمۇرىي تەكشۈرۈپ، تەستىقلاش قارارى چىقىرىدۇ، كارخانا ۋە شەخسنىڭ يۈكى زور دەرىجىدە يېنىكلەيدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇلنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئەسلىدىكى مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىنىڭ ئىش بېجىرىش زالىدىكى ئەسلىدىكى ئالتە كۆزنەكتە ئالتە ئادەم ئىش بېجىرىش ھازىرقى پەقەت بىرلا مەسلىھەت سوراش كۆزنىكى تەسىس قىلىشقا ئىخچاملانغان، زالغا ئىش بېجىرىشكە كەلگەن ئامما ئەسلىدىكى ھەر كۈنى 300 نەچچە ئادەم قېتىمدىن ھازىرقى ھەر كۈنى پەقەت ئىككى ـ ئۈچ ئادەملا كېلىپ مەسلىھەت سوراشقا ئازىيىپ، خەلقنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش مەقسىتىگە ھەقىقىي يەتكەن.

---

# ھەقىقىي تەكشۈرۈپ، ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى ئۆستى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى بەلگىلىگەن ھەرىكەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، باج يىغىش خىزمىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كۈچەپ «ئۇزاق» ۋە «دائىم» بولۇشقا كۈچ سەرپ قىلدى. تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يېقىن مەزگىللىك، ئوتتۇرا مەزگىللىك، ئۇزاق مەزگىللىك تۈزىتىش نىشانىنى تۈزۈپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈمدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، خىزمەتتىكى يوچۇقلارنى ئېتىپ، تۈزىتىش لايىھەسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى قاتتىق، ئەمەلىي، ياخشى تۇتتى ھەم تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، نەتىجە ـ ئۈنۈمنى تەكشۈرۈپ باھالاش، كۆزىتىش ـ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، مەسىلىنى كۆزلەپ تۈزىتىشنى قويۇۋەتمەي، مەسىلىنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل تۈزىتىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

باج تاپشۇرغۇچىلار بىلەن ھەق تاپشۇرغۇچىلارغا بولغان مۇلازىمەتنىڭ ئەتراپلىق بولماسلىق مەسىلىسىنى تۈزەش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى ئۇدا ئالتىنچى يىلى خەلققە قولايلىق باج بېجىرىش باھار شاملى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ باج بېجىرىش كۆرسەتمىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» تىزىملىكىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى.

دىققەتنى باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى سەككىز ساھەدىكى 3193 كارخانىغا قارىتا بىرگە بىر مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى؛ دىققەتنى مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇپ باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ يېڭى ئارزۇسىغا ئىنكاس قايتۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى خەلققە قولاي باج بېجىرىش تەدبىرىدىن 187نى يولغا قويدى؛ دىققەتنى ئايرىم باج تاپشۇرغۇچىلار ئىنكاس قىلغان ئۈچىنچى تەرەپنىڭ قالايمىقان ھەق يىغىش قىلمىشىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى مەخسۇس تۈر بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، 11 مىڭ 900 ئائىلىلىك باج تاپشۇرغۇچىغا ياردەملىشىپ، 3 مىليون 320 مىڭ يۈەن قايتۇرۇلغان ھەقنى بېجىرىپ، باش تېما تەربىيەسى بىلەن نۇقتىلىق خىزمەتلەرنىڭ ماس قەدەمدە ئالغا سىلجىتىلىپ ئەمەلىيلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

بۇ يىلقى باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتى ئۈستىدە سۆز بولغاندا، نۇرغۇن كارخانا ئىگىلىرى پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى ھەقىقەتەنمۇ دەل ۋاقتىدا بولدى، بىزگە ياردەم بېرىپ قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلىپ بەردى، بىزنىڭ تەرەققىيات ئىشەنچىمىز تېخىمۇ تولۇپ تاشتى، كارخانىنى ياخشى باشقۇرۇشتىكى غەيرىتىمىز تېخىمۇ ئاشتى، دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلەشتى.